**گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى**

# پېشقەدەملىك رولۇمنى جارى قىلدۇرۇپ پارتىيەگە تەلپۈنۈپ، بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي، كەسكىن قارشى تۇرىمەن

**□ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى، سابىق مۇدىر تۇرغۇن ئابدۇرېھىم**

مەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا يۈزبەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ۋە گۇۋاھ بولدۇم. ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە سەممىي غەمخورلۇق قىلىپ، تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى يولغا قويۇپ، تۈرلۈك ئۈل ئەسلىھەلەرنى قۇرۇپ چىقىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى بارغانسېرى ياخشىلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولمايتتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشى بولمايتتى، شىنجاڭنىڭ گۈللەپ ياشنىغان، ئىتتىپاق ـ ئىناق بولغان كەلگۈسى بولمايتتى.

پارتىيەلىك ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشتىكى ھەربىر قەددەمم پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەربىيەسىدىن ئايرىلالمايدۇ، مەن چىن قەلبىمدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشۇمنى ھەسسىلەپ قەدىرلەيمەن، بۆلگۈنچىلىككە، زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قەتئىي، كەسكىن قارشى تۇرىمەن، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى قوغدايمەن. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەققانىيەت ۋە قانۇنچىللىق ئۆتكۈر شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ «بىرىكمە مۇشت»نى ئېتىپ، زەھەرلىك ئۆسمىنى يوقىتىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى، ھەر مىللەت خەلق شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى. ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ۋەزىيىتى ئاسان قولغا كەلمىگەن، مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىپ، تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلگە پايدا يەتكۈزۈش، ئەلنى بېيىتىش سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى مەردانىلىك بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى كۆزىنى روشەن قىلىپ، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىشقا يېتەكلەيمەن.

«ئۈچ خىل كۈچ» ۋە «ئىككى يۈزلىمچى»لەر شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان زەھەرلىك ئۆسمە، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان مەنبە. ئۇلار شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، ئۆزگەرتىۋېتىپ، مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇترىتىپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، ئۇلار ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى كۆزگە ئىلماي، دۆلەتنىڭ قانۇنىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىنى قەستەن سادىر قىلىپ، بىزنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇشىمىزغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. بىز «ئۈچ خىل كۈچ» «ئىككى يۈزلىمچى»لەر بىلەن قەتئىي سىغىشالمايمىز، جەزمەن بۇ زىيانداشلارنى، مۇناپىقلارنى قىلچە رەھىم قىلماي تارتىپ چىقىرىشىمىز، تولۇق يوقىتىشىمىز كېرەك. بىر پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنى تولۇق ئادا قىلىمەن.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىنىڭ ئۇل تېشى. ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ــ بەخت، بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىق ــ ئاپەت. بىزنىڭ ئىناق ئىجتىمائىي تەرتىپىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ، بىزنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيىتىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. نۆۋەتتىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قاتتىق زەربە بېرىشىمىز، قەتئىي، كەسكىن ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشىمىز، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىشىمىز كېرەك. پەقەت بىز بىر ياقىدىن باش چىقارساقلا، ھەرقايسى مىللەتلەر بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلاشساقلا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

# شىنجاڭ نامرات ئاممىنىڭ خاتىرجەم، بىخەتەر ئىچىدىغان سۇ ئىشلىتىشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار ليۇ بىڭ، دۇ گاڭ)** 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقى دېھقانچىلىقىنىڭ ئالدىراش مەزگىلىگە كىردى. ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى بوستانلىق كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق تۇرسۇنتوختى جۈمە ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئېتىزدا جاپالىق ئىشلەپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان بىر ئىستاكان سوغۇق قايناق سۇ ئىچىش. 61 ياشلىق بۇ بوۋاينىڭ قارىشىچە، بۇلتۇر پۈتۈن كەنتكە خاتىرجەم، بىخەتەر تۇرۇبا سۈيى تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇملۇق قىرغىقىدىكىلەر تۇرمۇشتا ئەجدادلىرى تارتقان جاپالارنى يەنە تارتمايدىغان بوپتۇ.

تۇرسۇنتوختى بوۋاي تۇرۇشلۇق خوتەن شەھىرىنىڭ ئاقچال يېزىسى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنى بىر ئېھاتە ئورمىنىلا ئايرىپ تۇرىدۇ. شىنجاڭدىكى كۆپ ساندىكى بوستانلىققا ئوخشاش، سۇ قىس بولۇش شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدىكى ئەڭ زور قىيىنچىلىق بولۇپ كەلگەن.

بوۋاي كەنتتىكىلەرنىڭ ئىلگىرى پەقەت كۆلدىن سۇ توشۇپ ئىچىدىغانلىقىنى، دۇغلىشىپ كەتكەن سۇدا دائىم قۇرت ۋە كالا ـ قوي تېزەكلىرى لەيلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلىدى.

1995 ـ يىلى، كەنتتە قۇدۇق كولاپ يەر ئاستى سۈيى ئېلىنىشقا باشلىدى، گەرچە تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ كاپالەتكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن قۇدۇق سۈيى ھەم قىرتاق ھەم تۇزلۇق بولۇپ، كىشىلەر ئىچكەندىن كېيىن چىشلىرى سارغىيىپ كەتتى، يەنە بەزىلىرى تاش چۈشۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. 2017 ـ يىلغا كەلگەندە، كەنتتىكى ھەممە ئائىلىگە تۇرۇبا سۈيى تۇتاشتۇرۇلدى، سۇ ئىچىشلىك ھەم ئەرزان بولۇپ، ھەر تونىسىغا ئاران توققۇز مو ھەق ئېلىناتتى، «بوگۈنكى كۈندە، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى يۇيۇنۇش، چىش چوتكىلاشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈردى».

تۇرسۇنتوختى بوۋاينىڭ يۇرتىدىكىلەرنىڭ ئىچىدىغان سۇنىڭ تەمەگە بولغان ئەسلىمىسى شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئاممىنىڭ ئىچىدىغان سۇ سۈپىتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈش جەريانىنى ئىسپاتلىدى. خوتەن شەھىرى يېزىلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، ئىچىدىغان سۈنى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇقادىر ئابدۇللانىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاممىنىڭ سۇ قىس بولۇش، كۆل سۈيى ئىچىش تارىخىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، 1995 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتى يېزىلىرىنى قۇدۇق كولاپ يەر ئاستى سۈيىنى ئېلىشقا تەشكىللىگەن، لېكىن يەر ئاستى سۈيىنىڭ فتور مىقدارى، قاتتىقلىق دەرىجىسى، ئىشقارلىق دەرىجىسى قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى بىردەك ئىچىدىغان سۇ ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كېتىپ، پەقەت ئاممىنىڭ سۇ ئىشلىتىش مىقدارىغا بولغان ئېھتىياجىنىلا ھەل قىلغان. 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ، شۇ جاي يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى مۇستەھكەملەپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشقا باشلىغان، مەركەز ۋە يەرلىك خوتەن شەھىرى ئاقچال يېزىسىغىلا 14 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتى قۇرۇپ، 15 ئىش تەرتىپىنى قوللىنىپ قىرتاق، تۇزلۇق سۇنى بىرتەرەپ قىلغان، ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن يېزىدىكى 5500دىن كۆپرەك كىشى خاتىرجەم، بىخەتەر تۇرۇبا سۈيى ئىچەلەيدىغان بولغان.

بۇ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى بارغانسېرى كۆپلىگەن نامرات يېزا ـ قىشلاقلاردا ئىچىدىغان سۇنىڭ سۈپىتى، بىخەتەرلىكىنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى. مۇخبىرلارنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 2012 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى مۇستەھكەملەپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىدا جەمئىي 3 مىليوندىن كۆپرەك نامرات ئاھالىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. بۇ يىل ۋە كېلەر يىلى ئىككى يىلدا، شىنجاڭ يەنە 120 تۈرلۈك ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، قېپقالغان 361 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ خاتىرجەم، بىخەتەر ئىچىدىغان سۇ ئىشلىتىشكە ياردەم بېرىپ، بىرمۇ ئائىلىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، بىرمۇ كىشىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرىدىكەن.



## توقسۇندا ئۆرۈك پىشتى

5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، توقسۇن ناھىيەسىنىڭ شا يېزىسى نەخۇل كەنتىدىكى ئاھالىلەر يېڭى ئۈزگەن ئۆرۈكلەرنى ئوراپ قاچىلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، توقسۇن ناھىيەسىدىكى 10 مىڭ مولۇق ئۆرۈكلۈكتە ئۆرۈكلەر كەڭ كۆلەمدە پىشىشقا باشلىدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر يېڭى ئۈزگەن ئۆرۈكلەرنى سېتىۋېلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، بۇ يەردە ھەر كۈنى 100 توننىغا يېقىن ئۆرۈك سودىسى پۈتۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى بازارلارغا توشۇلۇۋاتىدۇ.

□**لى جىڭخەي** فوتوسى

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەھىيە، ساغلاملىق سىستېمىسى داۋالاش كەسپىدىكى قالايمىقانچىلىقنى سىجىل تۈزىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە، ساغلاملىق كومىتېتى مەسىلە يىپ ئۇچى بويىچە «ئىككىنى دوكلات قىلىش، بىرنى قايتما ئىنكاس قىلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش» مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، سەھىيە، ساغلاملىق سىستېمىسىدىكى قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق مەسىلە يىپ ئۇچىنى قاتتىق تەكشۈردى. بۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلار قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش بىلەن كەسىپ ئىستىلى قۇرۇلۇشى، تىنچ دوختۇرخانا قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، سىستېما ئىچىدىكى قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق «مۇناسىۋەت تورى» ۋە «مۇھاپىزەت كونىلىكى»نى قاتتىق تەكشۈرۈپ چوڭقۇر قېزىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ئالداپ ئېلىۋېلىش، «ئوپېراتسىيە جەريانىدا باھا قوشۇش» قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ، ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ سەھىيە، ساغلاملىق ساھەسىدە پەيدا بولۇپ يامرىشىنى مەنبەدىن توستى.

ئاغرىقلارنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان زىيادە تەكشۈرۈش، زىيادە دورا ئىشلىتىش، زىيادە داۋالاش، ئۆلچەمسىز ھەق ئېلىش، ساختا تەشۋىقات قاتارلىق داۋالاشتىكى قالايمىقانچىلىق مەسىلىلىرىگە قارىتا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە، ساغلاملىق كومىتېتى پۈتۈن شەھەر دائىرىسىدە داۋالاشتىكى قالايمىقانچىلىقنى مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، توردىكى جەمئىي 32 ئىنكاس ئەرزىنى، 15 تېلېفون ئىنكاس ئەرزىنى بىر تەرەپ قىلىپ، تۈزەشتىن كېيىن مەسىلە يەنىلا بىرقەدەر كۆپ بولغان داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى «قارا تىزىملىك»كە كىرگۈزۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش سۇپىسىدا ئاشكارىلاپ نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ.

ئۆز سىستېمىسىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاش ئۈچۈن، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەھىيە، ساغلاملىق كومىتېتى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە «نازارەت قىلغاچ تۈزىتىش» مەخسۇس تېمىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى، كورلا شەھىرى، خېجىڭ ناھىيەسى قاتارلىق يەتتە ناھىيەلىك، شەھەرلىك سەھىيە، ساغلاملىق كومىتېتىدا ۋە بىر بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، پاش قىلىشنى قوبۇل قىلىش، يىپ ئۇچىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ۋەزىپىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ، 67 مەسىلىنى بايقىدى، ھازىر ھەممىسى تۈزىتىپ بولۇندى.

قومۇل شەھىرىنىڭ سەھىيە، ساغلاملىق سىستېمىسى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى بۆلۈپ، قانۇنسىز دوختۇرلۇق قىلىش ۋە داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرى، تېبىبىي خادىملارنىڭ قانۇنغا خىلاپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش قىلمىشلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىپ، دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش ئارقىلىق ساغلاملىق بۇيۇملىرىنى سېتىش قاتارلىق شەكلى ئۆزگەرگەن «داۋالاش ئالدامچىلىقى» قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، «دورا يىغىۋېلىش ھايانكەشلىكى» قاتارلىق زور پايدىغا ئېرىشىش، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشلىرىغا قارىتا بايقىغان ھامان دەرھال زەربە بېرىپ، سەل قالايمىقانلاشسىلا دەرھال تۈزىتىپ، قاتتىق زەربە بېرىدىغان يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە، ساغلاملىق كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر جاڭ گاڭچياڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە، ساغلاملىق كومىتېتى قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زەربە بېرىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سەھىيە، ساغلاملىق سىستېمىسىنىڭ قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق مەسىلە يىپ ئۇچىغا قارىتا دېلو بولسا جەزمەن تەكشۈرۈش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «داۋالاش جېدىلى» قاتارلىق قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق مەسىلىلەر ھەمدە داۋالاش قالايمىقانچىلىقىنى تۈپتىن تۈگىتىشتە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، داۋالاش مۇلازىمىتى تەرتىپىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش ساھەسىدىكى بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، رازىمەنلىك دەرىجىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرىدىكەن.

# شىنجاڭ ئۆمىكى ئىمزالىغان كېلىشىم سوممىسى 23 مىليارد 300 مىليون يۈەندىن ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەت كاپىتالى سېلىنمىسى تۈرى بەش بولۇپ، ئىمزالانغان كېلىشىم سوممىسى 1 مىليارد 595 مىليون يۈەن بولدى. ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش تۈرلىرىدىن باشقا، بۇ نۆۋەتلىك يىپەك يولى خەلقئارا كۆرگەزمىسىدە شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە ئىككى تاشقى مەبلەغ تۈرى ئىمزالىدى، ئىمزالانغان كېلىشىم سوممىسى 980 مىليون يۈەن بولدى.

شىئەن كۆەنشتاڭ ساياھەت تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى شۇ كۈنى كېلىشىم ئىمزالىغان كارخانىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار كۈيتۈن شەھىرىدە 350 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ۋېينچۇاڭ ئېسىل تائاملار كوچىسى قۇرۇشنى پىلانلىدى.

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولدى، بىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزگىچە كوچا رايونى بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلەر، شۇنداقلا شۇ جايدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ مول بولغان ئىستىراھەت ساياھەت ئورنى بىلەن تەمىنلىمەكچى» دېدى بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ما دېيۈڭ.

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى تاشقى سېلىنما ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى فۇ چاۋخۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ يېتەكلىشىدە، شىنجاڭ بىلەن شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ھەمكارلىقى بارغانسېرى قويۇقلاشتى، بۈگۈن ئىمزالانغان نۇرغۇن تۈر دەل ئىككى تەرەپنىڭ ئىلگىرىكى ھەمكارلىق نەتىجىلىرىنىڭ نامايەندىسى. شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ كۆپ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى كارخانىلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ، ئىقتىساد ـ سودا ئالماشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىي ھەمكارلىقنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، تەرەققىيات پۇرسىتىدىن ئورتاق بەھرىلىنىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇلۇشىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.